# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 4 - ئاي

7

سەيشەنبە

维吾尔文 4 月7日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى 新疆日报

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25024 - سان بۈگۈن 4 بەت


## ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە جاسارەتلىك بولۇش

### —— ۋۇخەندىكى «يۇقۇم» جېڭى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملىدى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى

دېڭىز - ئوكيانلار داۋالغۇدى، دەريا - ئېقىنلار ئۆركەشلىدى.

ۋۇخەن شەھىرى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن باشلاپ، ۋۇخەندىن ئايرىلىش، خۇبېيدىن ئايرىلىش يولىنى باشقۇرۇش - تىزگىنلەش تەدبىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردۇ. خۇبېي تۇپرىقىنىڭ ئىلگىرىكى قىياپىتى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلمەكتە. ھەرقايسى دۆلەت تاراتقۇلىرى يۈكسەك دىققەت قىلىپ، غەلىبىگە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان ۋۇخەن پۈتۈن يەر شارىغا «تاڭ نۇرى» ئېلىپ كەلمەكتە دەپ قارىدى.

جۇڭگو لايىھەسى دىققەتنى قوزغىدى، جۇڭگو كۈچى كىشىلەر قەلبىگە ئىلھام بەردى.

بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان دۆلىتىمىزدە يۈز بەرگەن تارقىلىش سۈرئىتى ئەڭ تېز، يۇقۇملىنىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قىيىنلىق دەرىجىسى ئەڭ زور بولغان بىر قېتىملىق ئېغىر، زور تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جېجياڭدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا ۋە پايتەختتە مەجبۇرەن كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە قاتناشقاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى جايىدا، پۇختا، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە قەتئىي تۈرتكە بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىرلىكتە قەرەلىدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

### چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جېجياڭدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا ۋە پايتەختتە مەجبۇرەن كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە قاتناشقاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىققەتنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆزگىرىشنى توغرا تونۇپ، ئۆزگىرىشكە ئىلمىي ماسلىشىپ، ئۆزگىرىشكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنتىلىپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، خىرىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، باتۇرلۇق بىلەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش شارائىتىدا، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرتىپى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كېلىۋاتقان ئاكتىپ ۋەزىيەتنى سىجىل مۇستەھكەملەپ ۋە كېڭەيتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى جايىدا، پۇختا، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە قەتئىي تۈرتكە بولۇپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ساقلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

بىرىنچىدىن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش نەتىجە - ئۈنۈمىنى سىجىل كېڭەيتىش كېرەك. سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، چېگرادىن كىرگەن خادىملارنى يوچۇقسىز جېپسىلاشتۇرۇش، يېپىق ھالقىسمان باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دائىملاشتۇرۇپ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ھەرقايسى تەرەپلەردە جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك؛ ئېغىر، زور يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تۈزۈلمە مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يولداش جاسارەت مەخسۇتتىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز يۈەن لىي خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، يولداش جاسارەت مەخسۇتقا «ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» دېگەن نامنى تولۇقلاپ بېرىش ھەم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار ئارىسىدا يولداش جاسارەت مەخسۇتتىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

يولداش جاسارەت مەخسۇت ھايات ۋاقتىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 2020 - يىلى 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، يولداش جاسارەت مەخسۇت خىزمەت ئورنىدا تۇيۇقسىز كېسەللىك قوزغىلىپ قېلىپ، بەختكە قارشى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولدى، ئەمدىلا 57 ياشقا كىرگەنىدى.

يولداش جاسارەت مەخسۇت 1988 - يىلى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغاندىن بۇيان، 32 يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، كوممۇنىستلارنىڭ ئەسلىي مەقسىتى، بۇرچىنى باشتىن - ئاخىر چىڭ ساقلاپ، پارتىيەگە سادىق، ئېتىقادى مۇستەھكەم بولۇپ، شىنجاڭنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيىتى ئالدىدا، باشتىن - ئاخىر دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نازارەت قىلىش - ئىنتىزام ئىجراسى، قاراپ چىقىش - تەكشۈرۈشتە بەلگىلىمە بويىچە، ئىنتىزام بويىچە، قانۇن بويىچە قاتتىق بولۇپ، قەيسەر ھەم ھەققانىيەتچىل بولۇپ، قىيىن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپ بىر تۈركۈم دېلولارنى تەكشۈرۈپ بېجىرىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئىنتىزامىنىڭ مۇھىم باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلىرىنى قوغداش ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇتلەق غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى.

قارداردا مۇنداق كۆرسىتىلدى: يولداش جاسارەت مەخسۇت پارتىيەگە سادىق، ۋەتەننى سۆيىدىغان، خەلقچىل، تىرىشچان - كەسپىنى قەدىرلەيدىغان، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىدىغان، توغرا كەيپىياتنى پۈتۈن ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرىدىغان، مەسئۇلىيىتىنى دادىل زىممىسىگە ئالىدىغان، پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدىغان بولۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى قەتئىي، كەسكىن ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئىلغار تىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى كەم - كوتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئاۋانگارت نەمۇنىچى، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى قىلچە تەۋرەنمەي ئالغا سىلجىتىشتىكى سادىق قوغدىغۇچى. ئۇنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى يېڭى دەۋردىكى كوممۇنىستلارنىڭ ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنۇتماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش، مەڭگۈ كۈرەش قىلىشتەك ئالىيجاناب خىسلىتى ۋە ئېسىل ئىستىلىنى جانلىق نامايان قىلىپ بەردى، يېڭى دەۋردە شىنجاڭدىكى پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان بولۇشتەك شانلىق ئوبرازى ۋە خەلقچىل ھېسسىياتىنى تولۇق نامايان قىلىپ بەردى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى مۇنداق چاقىرىق قىلدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار يولداش جاسارەت مەخسۇتتىن ئۆگىنىشى كېرەك. ئۇنىڭ سادىق، كەسكىن، قەلبىگە غايىنى پۈككەن سىياسىي خىسلىتىدىن، باشتىن - ئاخىر پارتىيەگە سادىق بولۇش، دۆلەتكە سادىق بولۇش، خەلققە سادىق بولۇشىدىن، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشىدىن، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشىدىن، باشتىن - ئاخىر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئورتاق غايىسىنىڭ قەتئىي ئېتىقادچىسى ۋە ئاڭلىق ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىلىرىدىن بولۇشىدىن ئۆگىنىشى؛

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

### مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي چىلك تۇتۇش پەيتنى قولدىن بەرمەي ئىشلەش



تېرىقچىلىق مەزگىلنى چىڭ تۇتۇش

4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، كورلا شەھىرىنىڭ لەنگەر يېزىسىدىكى بىر نەشپۈتلۈك باغدا، باغۋەنلەر نەشپۈتلەرنى چاڭلاشتۇرماقتا. نۆۋەتتە، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى 620 مىڭ مو كورلا نەشپۈتى چاڭلىشىش مەزگىلىگە كىردى، باغۋەنلەر دېھقانچىلىق پەيتىنى چىڭ تۇتۇپ سۈنئىي چاڭلاشتۇرۇپ، مېۋىلەش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى.

□ چېن جيەنفېي فوتوسى

## يەككە كرىستاللىق كرېمنىي بىرلەمچى، ئىككىلەمچى كەسپىنى بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كەلتۈردى

شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنىڭ ماسلىشىپ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۇجاۋ، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ۋاڭ چيەنشى خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى سائەت 12لەر ئەتراپىدا، شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىغا جايلاشقان شىنجاڭ دۇڭفاڭ شىۋاڭ رەڭلىك مېتال چەكلىك شىركىتىدە ماشىنا ئاۋازى گۈرۈلدەيدۇ، ھەرقايسى ئىش تۈرلىرىنىڭ ئايلىنىشى تەرتىپلىك بولدى. 24 سائەت توختىماي ئايلىنىدىغان پولى كرىستاللىق كرېمنىي ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا، ئايرىپ تەكشۈرگۈچى سۈنلىنا يەككە كرىستاللىق كرېمنىي يالپاقلاش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە كۆڭۈل قويۇپ ئايرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. ئىش تاماملانغاندىن كېيىن، ئۇلار تايلىنىپ كېيىنكى قېتىملىق ئىشلەپچىقىرىش ئىش تەرتىپىگە توشۇلىدۇ.

كرېمنىي كەسىپ زەنجىرى ئۇزۇن بولۇپ، ئېلېكترون سانائىتىدە، سانائەت كرېمنىيسى پولى كرىستاللىق كرېمنىي، يەككە كرىستاللىق كرېمنىي ھەمدە 3 - ئەۋلاد يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ماتېرىياللارنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ، ئۇ ئۇچۇر كەسپى ۋە قۇياش ئېنېرگىيەلىك باتارېيە فوتوۋولت كەسپىنىڭ ئاچقۇچلۇق ئاساسىي ماتېرىيالى. دۇڭفاڭ شىۋاڭ شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى گاۋ شياۋفاڭنىڭ قارىشىچە،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭى ئېنېرگىيە گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 30 مىليون كىلوۋاتتىن ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چېن چياڭۋېينىڭ دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭى ئېنېرگىيە گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 30 مىليون 20 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىپ، شىنجاڭ ئېلېكتر تورى ئومۇمىي گېنېراتورلار سىغىمچانلىقىنىڭ %32.6ىنى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان.

ئاپتونوم رايونىمىزغا شامال ئېنېرگىيەسى، قۇياش ئېنېرگىيەسى بايلىقى مول توپلاشقان بولۇپ، يېڭى ئېنېرگىيە گېنېراتورلار كۆلىمى يىلدىن - يىلغا ئاشتى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئەتىيازلىق تېرىلغۇ سۈرئىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن تېز بولدى

### 5 مىليون 90 مىڭ 700 مو يەر تېرىلىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 700 مىڭ 200 مو يەر كۆپ تېرىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لىيۇ يىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى - يېزا نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئەتىيازلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلغۇ كۆلىمى 5 مىليون 90 مىڭ 700 مو يەرگە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 700 مىڭ 200 مو يەر كۆپ تېرىلغان. يازغى بۇغداي، كۆممىقوناق، كېۋەز قاتارلىق ئەتىيازدا تېرىلىدىغان ئاساسلىق زىرائەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تېرىلىش سۈرئىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن تېز بولغان، جەنۇبىي شىنجاڭدا كۈزگى بۇغداي ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن بالدۇر كۆكلىگەن، شىمالىي شىنجاڭدا كۈزگى بۇغداينىڭ ھەممىسى كۆكىرىپ، بىر قىسمى كۆكلەش مەزگىلىگە كىرگەن.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، بۇ يىل، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئىگىلىكى - يېزا تارماقلىرى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ ئەتىياز پەسىللىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى تۈرلۈك خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇم پەيدا قىلغان پايدىسىز تەسىرنى يەڭگەن،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئاپتونوم رايون ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

## يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ جيۈن خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايون ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى، ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

غاندا قىلچە بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ، جەزمەن ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ، ئۆلۈمگە قارشى ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك!»

2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ۋۇخەندە، شىنجاڭنىڭ 1 - تۈركۈمدىكى خۇبېيغا ياردەم بېرىش - داۋالاش ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزاسى، شىنجاڭ تىببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا يۈرەك كېسەللىرى مەركىزى ئېغىر ئاغرىقلارنى كۆزىتىش بۆلۈمىنىڭ

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## چوڭ جەڭ، چوڭ سىناقتا پارتىيەۋىلىكنى تاۋلاش

### —— پۈتۈن ئاپتونوم رايونىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بىرىنچى سېپىدە پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىدىن خاتىرە

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

چەن ھېسسىياتقا تولغان پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسلىرى، جاراڭلىق قەسەملەر.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن بۇيان، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى كەسىپلەردىكى بىر تۈركۈم غايە - ئېتىقادى مۇستەھكەم ئىلغارلار قارشى يۆنىلىشتە ئاتاكىغا ئۆتۈپ، ئىش ئورنىغا سادىق بولۇپ، شەخسىيەتسىز ئۆزىنى بېغىشلىدى. ئۇلار پارتىيە تەشكىلاتىغا پائال يېقىنلىشىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە شەرەپ بىلەن پارتىيەگە كىرىپ، قىپقىزىل پارتىيە بايرىقىغا يۈزلىنىپ ئوتتا تاۋلىنىپ، ئەسلىي مەقسىتىنى چىڭىتتى.

#### «چوڭ جەڭ»دە سىناقنى باشتىن كەچۈرۈش

«ئاغرىقلارنى قۇتقۇزغاندا، داۋالا-